# HSK

# 速成强化教程

HSK ئۈچۈن كۈچەيتىپ ئوقۇتۇپ تېز

يېتىشتۈرۈش دەرسلىكى

新疆版

初、中等

王海峰　刘超英　　编著
陈　莉　赵延风
米娜瓦尔·艾比布拉 翻译

北京语言大学出版社
BEIJING LANGUAGE AND CULTURE
UNIVERSITY PRESS

# HSK ئۈچۈن كۈچەيتىپ ئوقۇتۇپ تېز يېتىشتۈرۈش دەرسلىكى

# HSK 速成强化教程

## 初、中等

(新疆版)


编著 王海峰 刘超英

陈 莉 赵延风

翻译 米娜瓦尔·艾比布拉



北京语言大学出版社

BEIJING LANGUAGE AND CULTURE UNIVERSITY PRESS

（京）新登字157号

**图书在版编目（CIP）数据**

HSK速成强化教程（初、中等）新疆版/王海峰等编著；米娜瓦儿译.-北京：北京语言大学出版社，2005

ISBN 978-7-5619-1523-3

Ⅰ.H… Ⅱ.1王…2米… Ⅲ.汉语－少数民族汉语－教学－水平考试－教材 Ⅳ.H195.4

中国版本图书馆CIP数据核字（2005）第126498号

书　　名：HSK速成强化教程（初、中等）新疆版
责任编辑：孔梅
封面设计：张静
责任印制：汪学发

出版发行：北京语言大学出版社
社　　址：北京市海淀区学院路15号　邮政编码100083
网　　址：www.blcup.com
电　　话：发行部　82303650/3591/3651
　　　　　编辑编部　82303390
　　　　　读者服务部　82303653/3908
印　　刷：北京画中画印刷有限公司
经　　销：全国新华书店

版　　次：2007年4月第1版　2007年4月第1次印刷
开　　本：787毫米×1092毫米　1/16　印张：22
字　　数：501千字　印数：1—5000册
书　　号：ISBN 978-7-5619-1523-3/H·05137
定　　价：29.00元

凡有印装质量问题，本社负责调换。电话：82303590。

# ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقانداق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى كۈندىن كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان ئۇيغۇر ياشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. كەڭ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى «HSKئۈچۈن كۈچەيتىپ ئوقۇتۇپ تېز يېتىلدۈرۈش» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى مەملىكەت بويىچە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بازىسى بولغان بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل مائارىپىغا دائىر پەنلەر بويىچە ئەۋزەللىكىگە تايانغان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دەرسلىك تۈزۈش قوشۇنىغا ۋە كەسپىي تەھرىرلەر قوشۇنىغا ئىگە. بۇ نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان تىلغا ئائىت كىتابلار جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىتىدۇ. بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى كەڭ ئوقۇرمەن ۋە يۇكسەك شۆھرەتكە ساھىبتۇر.

مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ياشلار مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ، كۆپلىگەن ياشلار خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئىمتىھان نەتىجىسى ھامان تۆۋەن نومۇر چېكىدىن ئاشالمىغان؛ يەنە بەزىلەرنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى يامان ئەمەس بولسىمۇ، ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب: قاراتمىلىقى بولغان ھالدا سىستېمىلىق تەكرار قىلالمىغان ۋە سوئال تىپىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىمتىھان ئالدىدا جىددىيلىشىپ ئۆز سەۋىيىسىنى جارى قىلدۇرالمىغان. مەزكۇر « HSK ئۈچۈن كۈچەيتىپ ئوقۇتۇپ تېز يېتىلدۈرۈش» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى دەل كەڭ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىمتىھان قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىمتىھان بېرىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم دەرسلىكتۇر.

بۇ كىتاب ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك HSK گە يېتەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارغا ۋە HSK يېتەكچى كۇرسلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇ كىتابتا HSK نىڭ ھەرقايسى بۆلۈمىدىكى مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن،

سوئال تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇھىم ئىمتىھان نۇقتىلىرى ۋە قىيىن نۇقتىلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئۈنۈملۈك ئىمتىھان بېرىش ماھارىتى ۋە تەدبىرلىرى كۆرسىتىلگەن. دەرس جەريانىدا ئىشلەيدىغان گۆنۈكمىلەر ۋە دەرستىن كېيىنكى قوشۇمچە مەشىقلەر ئارقىلىق ئۆگەنگەن مەز- مۇنلار تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى ئىمتىھان بەركۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى سىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلۈشى توغرا ھەم ئاددىي چۈشىنىشلىك، تىلى ئاممىباب، سوئاللىرى پۇختا، ئەتراپلىق، ئىشلىتىلگەن مىساللىرى قىزىقارلىق ھەم تىپىك ژانىر تۈسىگە ۋە بىلىم خاراكتېرىگە ئىگە. ئىشىنىمىزكى، ئىمتىھان بەركۈچىلەر بۇ كىتابنى قوللىنىپ، گۈچەيتىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، كىتابنىڭ ئومۇمىي مەز- مۇنىنى ئىگىلىۋالسا، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ۋە ئىمتىھان نەتىجىسى يۇقىرى گۆتۈرۈلىدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، تەرجىمىدە خاتا كەتكەن ياكى نۇقسانلىق يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن
**مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا**

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى سېكسىيە　ئىمتىھان قائىدىلىرى ..... 1

ئىككىنچى سېكسىيە　تەقلىدىي ئىمتىھان (1) ..... 12

تەقلىدىي ئىمتىھان (1) نىڭ جاۋابى، ئەسكەرتمىلىرى، ئۈنئالغۇ بىلەن ئاڭلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن تېكىستلەر ..... 33

ئۈچىنچى سېكسىيە　ئاڭلاپ چۈشىنىش ..... 52

بىرىنچى دەرس ..... 52

ئىككىنچى دەرس ..... 75

ئۈچىنچى دەرس ..... 91

كۆنۈكمە جاۋابلىرى ۋە ئۈنئالغۇ تېكىستلىرى ..... 113

تۆتىنچى سېكسىيە　گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلار ..... 127

بىرىنچى دەرس ..... 128

ئىككىنچى دەرس ..... 145

ئۈچىنچى دەرس ..... 158

كۆنۈكمە جاۋابلىرى ..... 170

بەشىنچى سېكسىيە　ئوقۇپ چۈشىنىش ..... 171

بىرىنچى دەرس ..... 171

ئىككىنچى دەرس ..... 191

ئۈچىنچى دەرس ..... 205

كۆنۈكمە جاۋابلىرى ..... 220

ئالتىنچى سېكسىيە　ئۇنىۋېرسال بوش ئورۇننى تولدۇرۇش ..... 221

بىرىنچى دەرس ..... 221

ئىككىنچى دەرس ..... 243

كۆنۈكمە جاۋابلىرى ..... 266

يەتتىنچى سېكسىيە　تەقلىدىي ئىمتىھان (2) ..... 268

تەقلىدىي ئىمتىھان (2) نىڭ جاۋابلىرى، ئەسكەرتمىلىرى، ئۈنئالغۇ بىلەن ئاڭلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن تېكىستلەر ..... 289

تەقلىدىي ئىمتىھان (3) ..... 306

تەقلىدىي ئىمتىھان (3) نىڭ جاۋابلىرى، ئەسكەرتمىلىرى، ئۈنئالغۇ بىلەن ئاڭلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن تېكىستلەر ..... 328

# بىرىنچى سېكسىيە ئىمتىھان بېرىش قائىدىلىرى

## I HSK دېگەن نېمە؟

HSK (خەنزۇتىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى) خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى «Hànyǔ Shuǐpíng Kǎoshì» نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى. جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ئانا تىلى خەنزۇ تىلى بولمىغانلار (چەت ئەللىكلەر، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۆلچەملىك ئىمتىھان، خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا جۇڭگودا ۋە چەت ئەلدە ئېلىنىدۇ، ئومۇمەن ئىمتىھان نەتىجىسى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر مۇناسىپ دەرىجىدىكى «خەنزۇ تىلى سەۋىيە دىپلومى» غا ئىگە بولىدۇ.

خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئۈچ ئىمتىھاندىن تەركىب تاپقان:

خەنزۇ تىلىدىن ئاساس بويىچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى، قىسقارتىپ يېزىلىشى: HSK (ئاساس).

دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى، قىسقارتىپ يېزىلىشى: HSK (دەسلەپكى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك)

يۇقىرى دەرىجىلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى، قىسقارتىپ يېزىلىشى: HSK (يۇقىرى دەرىجىلىك)

ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىنىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىڭىزگە قاراپ قايسى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلىقىڭىزنى تاللاپ بېكىتىڭ، ئەگەر سىز ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن پەقەت 100 ـ 800 سائەتكىچە مۇنتىزىم دەرس ئاڭلىغان بولسىڭىز، يەنى خەنزۇ تىلىنى بەش ھەپتىدىن بىر يىلغىچە مۇنتىزىم ئۆگەنگەن بولسىڭىز، ياكى سەۋىيىڭىز مۇشۇ سەۋىيىدىن كۆپ پەرقلەنمىسە، ياكى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى كەسىپلىرىدە ئوقۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىڭىز، HSK (ئاساس) ئىمتىھانىغا قاتناشسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ، ئەگەر سىز ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن 400 ـ 2000 سائەتكىچە مۇنتىزىم دەرس ئاڭلىغان بولسىڭىز، يەنى خەنزۇ تىلىنى يېرىم يىلدىن ئىككى يېرىم يىلغىچە مۇنتىزىم ئۆگەنگەن بولسىڭىز، ياكى سەۋىيىڭىز مۇشۇ سەۋىيىدىن كۆپ پەرقلەنمىسە، ياكى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر كەسىپلىرىدە ئوقۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىڭىز، (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ) HSK ئىمتىھانىغا قاتناشسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر سىز ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن 3000 سائەتتىن كۆپ مۇنتىزىم دەرس ئاڭلىغان

بولىسىڭىز، يەنى خەنزۇ تىلىنى تۆت يىلدىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئۆگەنگەن بولىسىڭىز، ياكى سەۋە- يىڭىز مۇشۇ سەۋىيىدىن كۆپ پەرقلەنمىسە، HSK (يۇقىرى دەرىجىلىك) ئىمتىھانىغا قاتناش- سىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ.

## HSK . Ⅱ (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) ئىمتىھانىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماتېرىياللىرى

HSK (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) ئىمتىھان مەزمۇنى جەمئىي تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈ- نىدۇ:

| ئىمتىھان مەزمۇنى<br>考试内容 | سوئال سانى<br>答题数量 | جاۋاب بېرىش ۋاقتى<br>答题时间 |
|---|---|---|
| ئاڭلاپ چۈشىنىش<br>听力理解 | 50 سوئال | تەخمىنەن 35 مىنۇت |
| گرامماتىك قۇرۇلما<br>语法结构 | 30 سوئال | 20 مىنۇت |
| ئوقۇپ چۈشىنىش<br>阅读理解 | 50 سوئال | 60 مىنۇت |
| ئۇنىۋېرسال بوش ئورۇننى تولدۇرۇش<br>综合填空 | 40 سوئال | 30 مىنۇت |
| جەمئىي<br>共　　计 | 170 سوئال | 145 مىنۇت |

ئىمتىھان ماتېرىياللىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. سوئال قەغىزى، ئۇنىڭغا ئىمتىھان سوئاللىرى بېسىلغان بولىدۇ.

2. جاۋاب قەغىزى، ئۇنىڭغا ئىمتىھان بەركۈچىلەر جاۋاب يازىدۇ.

2 ـ 154 سوئالغىچە تاللاش سوئاللىرى بولۇپ، ھەربىر سوئالدا تاللاش ئۈچۈن تۆت خىل جاۋاب بار. جاۋاب قەغىزىدىن سوئال نومۇرىنى تېپىپ، توغرا جاۋابقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرپ ئۈستىگە بىر سىزىق سىزىش ئارقىلىق بەلگە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

【例 1】

[试卷]　81.阿里这次考得<u>不错</u>。

　　　　A.正确　B.不对　C.很好　D.没错误

[答卷]　81.[A]　[B]　[C]　[D]　　（"阅读理解"第一部分说明）

155 ـ 160 سوئاللاردا ھەربىر ئابزاس ئىچىدە بىر نەچچە بوش ئورۇن بار (بوش ئورۇن ئىچىدە سوئالنىڭ رەت نومۇرى بار)، جاۋاب قەغىزىدىكى ھەربىر بوش كاتەكچە ئىچىگە بىر مۇۋاپىق خەنزۇچە خەت يېزىش ئارقىلىق قىلىنىدۇ.

【例 2】

［试卷］ 155 ~ 156

她是中国人民解放军著<u>155</u>运动员。1972 年入北京体育学院，后参<u>156</u>人民解放军八一女排。1976 年被选入国家排球队。

［答卷］ 155 [H][S][K]　　156 [H][S][K]

名　　加

（样题（一）第 155 ~ 156 题）

## HSK Ⅲ (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) ئىمتىھاننىڭ جەريانى

ئىمتىھان ۋاقتىدا، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر چوڭ جەدۋەل بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەربىر چوڭ تۈرنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى يېزىلىدۇ، مەسىلەن:

| ئىمتىھان تۈرى<br>考试项目 | سوئال سانى<br>试题数量 | ئىمتىھان ۋاقتى<br>考试时间 | باشلىنىش ۋاقتى<br>开始时间 | ئاخىرلىشىش ۋاقتى<br>结束时间 |
|---|---|---|---|---|
| 听力理解<br>1 ئاڭلاپ چۈشىنىش | 1 ~ 50 سوئال | تەخمىنەن 35 مىنۇت | 9:30 | 10:05 |
| 语法结构<br>2 گىراماتىك قۇرۇلما | 51 ~ 80 سوئال | 20 مىنۇت | 10:05 | 10:25 |
| 阅读理解<br>3 ئوقۇپ چۈشىنىش | 81 ~ 130 سوئال | 60 مىنۇت | 10:25 | 11:25 |
| 综合填空<br>4 ئۇنىۋېرسال بوش ئورۇننى تولدۇرۇش | 131 ~ 170 سوئال | 30 مىنۇت | 11:25 | 11:55 |

مۇشۇ جەدۋەلگە قاراپ، ۋاقىتنى ئىگىلىسىڭىز بولىدۇ.

## HSK Ⅳ (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) ئىمتىھان نومۇرىنىڭ دەرىجىلىرى ۋە «خەنزۇ تىلى سەۋىيە دىپلومى»

ئىمتىھاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە، ئىمتىھان ئۇيۇشتۇرۇشقا باشچىلىق قىلغان ئورۇن ئىمتىھان نەتىجىسىنى ھەرقايسى ئىمتىھان ئورنىغا ياكى ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئىمتىھان نەتىجىسى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر «خەنزۇ تىلى سەۋىيە دىپلومى»نى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

بىر ئىمتىھان بەرگۈچى گۈلجامالنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى مىسال قىلىپ، (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھان نومۇرىنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ باقايلى.

HSK 成绩单

| 姓名 | 中文 | 古丽加玛丽 | |
|---|---|---|---|
| | 英文 | | |
| 性别 | 女 | 国籍 | 中国 |

HSK 分数

| | |
|---|---|
| 听力 | 71 |
| 语法 | 74 |
| 阅读 | 56 |
| 综合 | 71 |
| 总分 | 268 |

HSK 分数

| 总分 | 单项分 | 百分位 |
|---|---|---|
| 400 | 100 | 100 |
| 277 | 69 | 90 |
| 250 | 63 | 80 |
| 231 | 58 | 70 |
| 215 | 54 | 60 |
| 200 | 50 | 50 |
| 185 | 46 | 40 |
| 169 | 42 | 30 |
| 150 | 37 | 20 |
| 123 | 31 | 10 |

سول تەرەپتىكىسى ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ HSK ئىمتىھان نومۇرى، ئۇنىڭغا تۆت ئايرىم تۈر نومۇرى ۋە بىر ئومۇمىي نومۇر بار، دىققەت: ئومۇمىي نومۇر تۆت ئايرىم تۈر نومۇرىنى قوشقاندىن كېيىنكى يىغىندىسى ئەمەس، ئوڭ تەرەپتىكىسى يۈزلۈك نومۇر جەدۋىلى، ئەگەر ئۆزىنىڭ نومۇرىنى يۈزلۈك نومۇر جەدۋىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسا، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئىچىدىكى نىسپىي ئورنىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئېيتىلغان بارلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋاقتىدا (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھانىغا قاتناشقان 240 ئىمتىھان بەرگۈچىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار «ئۆلچەملىك ئۈلگە گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەتىجىسى ياخشىلارمۇ بار، ناچارلارمۇ بولۇپ، بارلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

گۈلجامالنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى 268 ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 80%ى ئۇنىڭ كەينىدە، يامان ئەمەس، ئاڭلاش قابىلىيىتىدە 71 نومۇر ئالغان، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 90%تىن كۆپرەكى ئۇنىڭ كەينىدە، ناھايىتى ياخشى. گرامماتىكىدا 74 نومۇر ئالغان ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 90% تىن كۆپرەكى ئۇنىڭ كەينىدە، ئىنتايىن ياخشى ئوقۇش ئىقتىدارىدا 56 نومۇر

ئالغان، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 60% ى ئۇنىڭ كەينىدە، ئادەتتىكىچە ئۇنىۋېرسال بوش ئورۇننى تولدۇرۇشتىمۇ 71 نومۇر ئالغان، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 90% ى ئۇنىڭ كەينىدە، ناھايىتى ياخشى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ سەۋىيىسى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە گۈلجامالنىڭ ئىمتىھاننىڭ ھەرقايسى تۈرىدىن ئالغان نومۇرى قايسى دەرىجىدە تۇ-
رىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

HSK(初、中等)单项等级分数一览表

| 等级分数 | 听力 | 语法 | 阅读 | 综合 |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| 底线 | 29 – 37 | 28 – 36 | 30 – 38 | 28 – 36 |
| 3 级 | 38 – 46 | 37 – 45 | 39 – 47 | 37 – 45 |
| 4 级 | 47 – 55 | 46 – 54 | 48 – 56 | 46 – 54 |
| 5 级 | 56 – 64 | 55 – 63 | 57 – 65 | 55 – 63 |
| 6 级 | 65 – 73 | 64 – 72 | 66 – 74 | 64 – 72 |
| 7 级 | 74 – 82 | 73 – 81 | 75 – 83 | 73 – 81 |
| 8 级 | 83 – 100 | 82 – 100 | 84 – 100 | 82 – 100 |

HSK(初、中等)总分等级分数和汉语水平证书等级一览表

| 证书等级 | | 等级分数 | 等级分范围 |
| --- | --- | --- | --- |
| 等第 | 级别 | | |
| 初等证书 | C | 3 级 | 152 – 188 分 |
| | B | 4 级 | 189 – 225 分 |
| | A | 5 级 | 226 – 262 分 |
| 中等证书 | C | 6 级 | 263 – 299 分 |
| | B | 7 级 | 300 – 336 分 |
| | A | 8 级 | 337 – 400 分 |

ئىمتىھاننىڭ ئايرىم تۈرلىرى بويىچە دەرىجە نومۇرلىرى جەدۋەلگە سېلىشتۇرغاندا، گۈل-
جامالنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىدىكى نەتىجىسى 6 ـ دەرىجىگە ، گىراماتىكىدىكى نەتىجىسى 7 ـ
دەرىجىگە ، ئوقۇپ چۈشىنىشتىكى نەتىجىسى 4 ـ دەرىجىگە، ئۇنىۋېرسالدىكى نەتىجىسى 6 ـ دە-
رىجىگە توغرا كېلىدىكەن.

تۆۋەندە گۈلجامالنىڭ قايسى دەرىجىدىكى دىپلومنى ئالالايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. (دەس-
لەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ) HSK نىڭ دىپلومى 6 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ:



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

«خەنزۇ تىلىنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىك سەۋىيە C دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 3 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

«خەنزۇ تىلىنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىك سەۋىيە B دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 4 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

«خەنزۇ تىلىنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىك سەۋىيە A دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 5 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

«خەنزۇ تىلىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيە C دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 6 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

«خەنزۇ تىلىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيە B دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 7 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

«خەنزۇ تىلىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيە A دەرىجىلىك دىپلومى»، يەنى 8 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

دىپلومغا ئېرىشىشتىكى ئۈچ شەرت: (1) ئومۇمىي نومۇر مۇناسىپ كېلىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك نومۇرغا يېتىشى كېرەك؛ (2) تۆت ئايرىم تۈرنىڭ نومۇرى ئىچىدە ئۈچ تۈر مۇناسىپ كېلىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى نومۇرغا يېتىشى كېرەك؛ (3) تۆت ئايرىم تۈرنىڭ نومۇرى ئىچىدە بىر تۈر مۇناسىپ كېلىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى نومۇردىن تۆۋەن بولسىمۇ بولىدۇ، لېكىن تۆۋەنلىتىش دائىرىسى بىر دەرىجىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بىر دەرىجىدىن ئېشىپ كەتسە، بىر بالداق تۆۋەن دەرىجىدىكى دىپلومغا ئېرىشىدۇ، بۇ ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى بەلگىلەشتىكى مەقسەت، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ھەرقايسى تۈر جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

گۈلجامالنىڭ ئومۇمىي نومۇرى 6 ـ دەرىجىگە يەتكەن. تۆت ئايرىم تۈر ئىچىدە ئۈچ تۈرى 6 ـ دەرىجىگە يەتكەن. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىچىدە بىرى تۈر 6 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەنلىك دائىرىسى بىر دەرىجىدىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ بىر بالداق تۆۋەن بولغان 5 ـ دەرىجىلىك دىپلومغا، يەنى «خەنزۇ تىلىنىڭ دەسلەپكى دەرىجىلىك سەۋىيە A دەرىجىلىك دىپلومى» غا ئېرىشكەن.

(دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK نىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك دىپلومى 3 ـ دەرىجىلىك، ئەگەر ئومۇمىي نومۇر 3 ـ دەرىجىلىكتىنمۇ تۆۋەن بولسا، دەسلەپكى دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئىمتىھاننىڭ ئايرىم تۈرلىرى بويىچە دەرىجە نومۇرلىرى جەدۋىلىدىكى «تۆۋەن ئۆلچەم سىزىقى» دىپلومنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس، مەسىلەن، مەلۇم بىر ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئومۇمىي نومۇرى 3 ـ دەرىجىگە يەتكەن، ئۈچ ئايرىم تۈر نومۇرىمۇ 3 ـ دەرىجىگە يەتكەن، ئەگەر ئۇنىڭ بىر ئىمتىھان تۈردىكى نومۇرى تۆۋەن ئۆلچەم سىزىقىغا يەتسە، ئۇ 3 ـ دەرىجىلىك

دىپلومغا ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر تۆۋەن ئۆلچەم سىزىقىدىن تۆۋەن بولسا، ئۇ 3 ـ دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشەلمەيدۇ.

«خەنزۇ تىلى سەۋىيە دىپلومى » نىڭ ئۈچ تۈرلۈك رولى بولىدۇ:

(1) ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فاكۇلتېتلىرىغا كىرىپ كەسىپ ئوقۇشقا لايىق كېلىدىغانلىقىغا ئىسپات بولىدۇ، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئەگەر 3 ـ دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشسە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ تەبىئىي پەنلەر، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك كەسپى، غەرب تېبابىتى كەسپىدە ئوقۇشتىكى ئەڭ تۆۋەن تەلەپكە يەتكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئەگەر 6 ـ دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشسە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئىجتىمائىي پەنلەر، تارىخ كەسپى، جۇڭگو مىللىي تېبابىتى كەسپىدە ئوقۇشتىكى ئەڭ تۆۋەن تەلەپكە يەتكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

(2) ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەنلىكى، بەزىبىر خەنزۇ تىلى دەرسلىرىنى ئوقۇش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

(3) خىزمەت تاپماقچى بولغانلار شۇ دىپلومنى ئۆزىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە ئىسپات قىلسا بولىدۇ.

## V ئىمتىھان بەرگۈچىلەر نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك

**1. ئىمتىھاننىڭ ۋاقتى، ئورنى، تىزىمغا ئالدۇرۇش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر**

(دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا جۇڭگودا ۋە چەت ئەلدە ئېلىنىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە ھەر يىلى ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئېلىنىدۇ، ئىمتىھان ۋاقتى ئادەتتە 5 ـ ئاي، 7 ـ ئاي ۋە 12 ـ ئايدا بولىدۇ، تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى ئادەتتە ئىمتىھاندىن تەخمىنەن بىر ئاي بۇرۇن باشلىنىدۇ، بۇناسىۋەتلىك ئىمتىھان ئېلىش ئورنىدا تىزىمغا ئالدۇرۇلىدۇ. چەت ئەللەردىكى ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىنى شۇ جايلاردىكى ئىمتىھان ئېلىش ئورۇنلىرى ئۇقتۇرىدۇ، نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى 25 شەھەردە (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSKئىمتىھان ئېلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، چەت ئەللەردىكى 22 دۆلەتتە (دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھان ئېلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ئىمتىھاننىڭ كونكرېت ۋاقتى جەھەتتە ھەر يىلى بىر ئاز ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى چارە شۇ جايدىكى ئىمتىھان ئېلىش ئورۇنلىرىدىن شۇ يىللىق « HSK جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىغا قاتناشقۇچىلار قوللانمىسى» (ھەقسىز) نى ئېلىش لازىم، قوللانمىدا شۇ يىللىق ئىمتىھاننىڭ كونكرېت ۋاقتى ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ تەپسىلىي چۈشەن-

دۇرۇلۇشى بار. ئىمتىھان ئېلىش ئورنىنى بىلمىگەنلەر «بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھان مەركىزى» بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

ئادرېس: بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھان مەركىزى
پوچتا نومۇرى: 100083
تېلېفون نومۇرى: (010) 82303672 (010) 82303962
فاكس: (010) 82303901

E – mail: HSK1 @ blcu . edu . cn HSK2 @ blcu . edu . cn
Homepage: http://www . hsk . org . cn http://www . blcu . edu

**(2) ئىمتىھان بېرىش**

**چوقۇم ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر**

**ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسى ۋە سالاھىيەت گۇۋاھنامىلىرى** تىزىمغا ئالدۇرغاندا تىزىمغا ئېلىش ئورنى سىزگە «ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسى» نى بېرىدۇ، ئۇنىڭدا سىزنىڭ ئىسىم – فامىلىڭىز، سۈرىتىڭىز، ئىمتىھان ۋاقتى، ئىمتىھان ئورنى، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ نومۇرى قاتارلىقلار بار، ئىمتىھانغا ماڭغاندا ئېلىۋېلىشنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سالاھىيەت **گۇۋاھنامىلىرىنى**، مەسىلەن پاسپورت، كىملىك، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى قاتارلىقلارنى ئېلىۋېلىش لازىم. ئەگەر يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ بارمىسىڭىز، ئىمتىھان مەيدانىغا كىرەلمەيسىز، ئۇنىڭدىن باشقا، تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسىنى چوقۇم ياخشى ساقلاش كېرەك، ئەگەر يىتتۈرۈپ قويسىڭىز قايتا ئالغىلى بولمايدۇ.

**قېرىنداش قەلەم ۋە ئۆچۈرگۈچ** ئىمتىھانغا جاۋاب يازغاندا پەقەت قېرىنداش قەلەملا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، گاڭبى ۋە ماي قەلەم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، قېرىنداش قەلەمنى ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزى ئېلىپ كېلىشى لازىم. ئىمتىھان قەغىزى غوتو ئېلېكترونلۇق ئوقۇش ماشىنىسى بىلەن تەكشۈرۈلىدىغان بولغاچقا قېرىنداش ئەڭ ياخشىسى توم قارا بولسۇن، 2B تىپلىق قېرىنداش مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رېزىنكە ئۆچۈرگۈچ ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئەگەر خاتا بېرى بايقالسا، دەرھال ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دىققەت، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئىمتىھان مەيدانىدا بىر-بىرى بىلەن گەپلەشسە بولمايدۇ، ئەگەر باشقىلاردىن ئۆچۈرگۈچ ئۆتنە ئالسا، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

**قول سائىتى** ئىمتىھان ۋاقتىدا ۋاقىتنى ئۆزى كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر قول سائىتىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، نازارەتچى مۇئەللىمدىن ۋاقىتنى سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ دىققىتى چېچىلىدۇ.

## كېچىكىپ قالماڭ

(دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھانى ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 :00 دا باشلىنىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن چوقۇم ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسىدە كۆرسىتىلگەن ئىمتىھان مەيدانىغا بالدۇرراق بېرىش، ھەرگىز كېچىكىپ قالماسلىق كېرەك! بەلگىلىمە بويىچە، بەش مىنۇتتىن كۆپ كېچىكسە، ئىمتىھاننىڭ كېيىنكى بىر تۈرى (گرامماتىكا قۇرۇلما) باشلىنىشقا قەدەر ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىمتىھان مەيدانىغا كىرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاڭلاپ چۈشىنىشنىڭ نەتىجىسى پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ، كېيىنكى قىسمىغا ھەرقانچە ياخشى جاۋاب بەرگەن بىلەنمۇ دىپلومغا ئېرىشمەك ئىنتايىن تەس بولىدۇ. ئەگەر 35 مىنۇتتىن كۆپ كېچىكسە، ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىشكە بولمايدۇ، ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

## جاۋابنى جاۋاب قەغىزىگە يېزىڭ

(دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھانىنىڭ ھەممە جاۋابىنى جاۋاب قەغىزىگە يېزىش كېرەك. سوئال قەغىزىگە يازسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ، چۈنكى فوتو ئېلېكترونلۇق ئوقۇش ماشىنىسى پەقەت جاۋاب قەغىزىنىلا تونۇيالايدۇ، تاللاش سوئاللىرىنى ئىشلىگەندە، توغرا جاۋابنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ئۈستىگە بىر سىزىقچە سىزىش، سىزىقچە توم ھەم قېنىق بولۇشى، ئىچىدە ھەرپ بار كاتەكچىنى سىزىقچىدا تولدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، مەسىلەن، مۇنداق بولسا بولىدۇ: [A][B][C][D]، مۇنداق بولسا بولمايدۇ، [A][B][C][D] بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر جاۋابىنى سوئال قەغىزىگە يېزىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن جاۋاب قەغىزىگە كۆچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ۋاقىتنى يەتكۈزەلىسە شۇنداق قىلسا بولىدۇ، ئەمما «ئاڭلاپ چۈشىنىش» نى ئەڭ ياخشىسى جاۋاب قەغىزىگە بىۋاسىتە يازغان ياخشى، چۈنكى ئاڭلاش مەزمۇنىنى ئۇنتۇلغۇدا ئاڭلىتىپ بولۇپلا، دەرھال گرامماتىكا قىسمى باشلىنىدۇ، كۆچۈرۈشكە ۋاقىت قالمايدۇ، جاۋابنى جاۋاب قەغىزىگە يازغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ، لېكىن جاۋاب بەرگەندە ئۆزىنىڭ ئېسىدە تۇتۇش ياكى تەھلىل قىلىشىغا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن، سوئال قەغىزىگە بەلگە قويۇۋالسا تامامەن بولىدۇ، چۈنكى سوئال قەغىزى بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، ئىشلىتىپ بولۇپلا تاشلىنىدۇ.

## جاۋاب قەغىزىدىكى سوئال نومۇرىنى ئېنىق كۆرۈڭ

(دەسلەپكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك) HSK ئىمتىھانىنىڭ ئىككى خىل جاۋاب قەغىزى بار، جاۋاب قەغىزى A دىكى ھەرپلەرنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، سوئال نومۇرى توغرىسىغا تىزىلغان؛ جاۋاب قەغىزى B دىكى ھەرپلەرنىڭ رەڭگى سۇس سۆسۈن، سوئال نومۇرى تىك تىزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، جاۋاب قەغىزنىڭ بىرىنچى تۈرى:

【例 4】

A 答卷

| | 1 | | 1 | | 1 | | 1 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 41 | 42 | 43 | 44 | 45 | 46 | 47 | 48 | 49 | 50 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |

B 答卷

| | 1 | | 1 | | 1 | | 1 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6 | 11 | 16 | 21 | 26 | 31 | 36 | 41 | 46 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 2 | 7 | 12 | 17 | 22 | 27 | 32 | 37 | 42 | 47 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 3 | 8 | 13 | 18 | 23 | 28 | 33 | 38 | 43 | 48 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 4 | 9 | 14 | 19 | 24 | 29 | 34 | 39 | 44 | 49 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |
| 5 | 10 | 15 | 20 | 25 | 30 | 35 | 40 | 45 | 50 |
| [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] | [A] |
| [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] | [B] |
| [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] | [C] |
| [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] | [D] |

جاۋاب قەغىزىنى ئالغاندىن كېيىن قايسى خىل جاۋاب قەغىزى ئىكەنلىكىنى، سوئال نومۇرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش كېرەك، بولمىسا، جاۋابنى ئويلىغاندا توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، جاۋاب قەغىزگە يازغاندا خاتا بولۇپ قالىدۇ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرىدىغان ماشىنا سىزگە ئېتىبار قىلمايدۇ.

## بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن سوئالنى ئىشلەڭ

بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر گىراماتىكا قىسمىنى تېز ئىشلەپ بولۇپ، ئېشىپ قالغان ۋاقىتتا ئۈچىنچى قىسمىدىكى ئوقۇپ چۈشىنىشنى ئىشلەيدۇ، بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، يەنە بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئاڭلاپ چۈشىنىشنىڭ جاۋابىنى سوئال قەغىزگە يېزىپ، تېخى جاۋاب

قەغەزىگە كۆچۈرۈپ بولمايلا گرامماتىكا قىسمىنى ئىشلەيدۇ، ئاندىن ئاڭلاپ چۈشىنىشنىڭ جاۋابىنى قايتىدىن جاۋاب قەغەزىگە كۆچۈرىدۇ، بۇنداق قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ، بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ سوئالنىڭ باشقا قىسمىنى ئىشلەۋاتقىنىنى مۇئەللىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، بۇنداق تەلەي سىناش خىيالىدا بولماسلىق كېرەك، چۈنكى ئىمتىھاننىڭ ھەربىر چوڭ تۈرىنىڭ ئۈستىدە چوڭايتىپ تىزىلغان بىر قۇر رەقەملەر بولىدۇ، نازارەتچى مۇئەللىم بىر قاراپلا كۆرۈۋالالايدۇ. مىسال :

例 5

2.2.2.2.2 3·3·3·3·3

二、语法结构 三、阅读理解

**بەزى سوئالنىڭ جاۋابىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك**

ئىمتىھاندا جەزمەن بىر قىسىم تاللاش سوئاللىرى بولىدۇ، سىزگە ئۇلارنىڭ ئىككى، ئۈچىنىڭ ھەممىسى توغرىدەك تۇيۇلىدۇ، بۇنداق چاغدا، بەزى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر سوئالنى جاۋابسىز بوش قالدۇرىدۇ، بەزىلىرى ئىككى، ئۈچ ھەرپىنىڭ ھەممىسىگە سىزىقچە سىزىدۇ. مەسىلەن:

[~~D~~][~~C~~][B][~~A~~] [D][~~C~~][~~B~~][A] [D][C][B][A]

بۇنداقلارنىڭ ھەممىسىگە نومۇر كەلمەيدۇ، دىققەت: HSK ئىمتىھاندىكى ھەر بىر سوئالغا پەقەت بىرلا سىزىقچە سىزىشقا بولىدۇ، ئارتۇق سىزسا، بىكار قىلىنىدۇ، ئەگەر جاۋابى خاتا بولۇپ قالسا ئۇستىلەپ نومۇر تارتمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى سوئالنىڭ جاۋابىغا ئىشەنچىڭىز بولمىسا، تەخمىن قىلىپ بىرنى تاللاڭ، پەرىزىڭىز توغرا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، خاتا چىقىپ قالسىمۇ ناھايىتى شۇ سوئالغا نومۇر كەلمەيدۇ. لېكىن ئەگەر جاۋابنى بوش قالدۇرسىڭىز ياكى ئىككى، ئۈچ ھەرپكە سىزىقچە سىزسىڭىز، جەزمەن نومۇر كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا HSK نىڭ جاۋاب يېزىش ۋاقتى چەكلىك بولىدۇ، ئەگەر مەلۇم بىر سوئال بەك قىيىن بولۇپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ جاۋابىنى ئويلاپ تاپالمىغان بولسىڭىز، شۇ بىر سوئال ئۈچۈن ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماڭ، بىر سوئالنى تاللاپ، سوئال قەغەزىگە بەلگە قىلىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئەگەر ۋاقىت بولسا قايتىدىن ئويلانسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى HSK نىڭ قىيىن سوئاللىرى بىلەن ئاسان سوئاللىرىنىڭ نومۇرى ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشەنچىڭىز بار بولغان سوئاللارنى ئىشلىۋېلىڭ.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com